# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(15)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەلەي چاقچان لەتىپلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپلەرنى رەتلىگۈچى: ئۈچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

15



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز، ھۆرىيەت نىياز
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆرىيەت نىياز
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (15)

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

---


**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830026

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى

**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى

**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16

**ئومۇمىي باسما تاۋىقى:** 30

**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6

**ئومۇمىي باھاسى:** 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)

**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)


---

# كىرىش سۆز

سەلەي چاققان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكلو-
رىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان
مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋاپچى، ئەل-
نەغمىچىدۇر.

سەلەي چاققان 1790 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى-
نىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 ـ
يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىلى-
رىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز ـ خاراكتې-
رىنى ئوبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارنى
كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى
سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان. نەزەر دائى-
رىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىن-
لىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلى-
رى سەلەي چاققاننىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشىگە
ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۈلۈپ، زىيىنىغا
يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قولچو-
ماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ
قىساس ـ ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قوشاقچى،

ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان. سەلەي چاققان خۇش مىجەز، گەپ - سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەرىكەتتە چېۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سەلەي چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، ھەم نەزم - شېئىرىي شەكىلدە ناخشا - قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماھىيەتلىك بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا تۇگۈن، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، ئۈزۈكسىز بېيىپ، ئۈزۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۈزۈكسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا يانداش يۇمۇرستىك تىل مەۋجۇت. تىل — لەتىپىنىڭ جېنى، قانىتى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن ھەممە كىشىگە، ھەممە جايغا باب كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلى-

مىدىن باشقا يەنە خان - پادىشاھ، ۋەزىر - ئۆلىما، ھاكىم، بەگ، باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى - پاششاپ، گەيجاڭ، ياساۋۇل - چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئادەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ. بۇلارنى يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان ماقال - تەمسىللەر، ئىدىيومىلار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرى — ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ھېس - تۇيغۇسىنى كۈچلۈك سۇرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قاتارىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ بەرگەن. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە يەر - جاي ناملىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلەلىگەنلىكى، تۈزۈلۈشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا، يادلىۋېلىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي بولغانلىقى — ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن باشقا يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. دەۋر چاقىنىڭ ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۇرلۇك

دەۋر يېڭىلىقلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تارىخىي، ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۈۋرۈك ۋە ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن لەتىپىلەر كۆڭلىمىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان ھالدا توقۇلغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاققاننىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان لەتىپىلىرىگە يېڭى تۈس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى بىر پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۈرۈش 10 قىسىم «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم ياندىشتۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاققاننىڭ پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد ياراتقان پورترېتتىن ئىجابىي پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەلەي چاققانشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار، رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەم بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


قۇلىقىم تىنچ بولدۇ ........................ 2

كۆزقارىشىمىز ئوخشاش ئىكەن .................... 4

مەن ئىشقا ماڭاي دەۋاتىمەن .................... 6

يەنە توك كېتىپ قالدى ........................ 8

سوقۇر ئۈچىيىم بولمىسىز .................... 10

بىر ئاش پىشىم ........................ 12

ئۆي ئىزدەش ............................ 14

ئۆزۈمنىڭ كىرىنى ئۆزۈم يۇيغان ۋاقىتتا ............ 16

دادامدىن يۇقتى دېمەمدىمەن .................... 18

خوتۇنى كۆرۈپ قالغانىكەن .................... 20

شۇڭا سۈرئىتى تېز ........................ 22

چۈشمەيدۇ ............................ 24

ئۆيگە بالدۇرراق بارىمىز .................... 26

ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى .................... 28

يېرىمىغىلا توغرا كېلەتتى .................... 30

ھەممىمىزنى يەر يەيدۇ .................... 32

تۇغۇلغاندىن بۇيان سىرتقا چىقىپ باقمىدى ............ 34

بالام ياخشى، چاقام يامان .................... 36

بىر كۆزدە كۆرۈش ........................ 38

نېمىگە مىنەلەيدۇ، نېمىگە مىنەلمەيدۇ؟ ............ 40

www.uyghurkitap.com

# قۇلىقىم تىنچ بولىدۇ

سەلەي چاققان ئەر - خوتۇن داۋاملىق قىزىق پاراڭلىشىدىكەن. بىركۈنى ئۇنىڭ بىر قوشنىسى:

— سەلەي ئاخۇنكا، سىلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى خالاملا؟ — دەپتۇ.

— خالىمامدىغان ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن 100 ياش ئۆمۈر كۆرۈشنى، خوتۇنۇمنىڭ 99 ياش ئۆمۈر كۆرۈشنى خالايمەن.

— نېمىشقا خوتۇنلىرى سىلىدىن بىر ياش كەم ياشايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قوشنىسى.

— ھەي قوشنام، نېمىسىنى دەي، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن بىر يىل بولسىمۇ تىنچ ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن. قۇلىقىم تىنچ بولىدۇ.





# كۆزقارىشىمىز ئوخشاش ئىكەن

بىركۈنى خەلپەت ۋەز ئېيتىۋاتقاندا، سەلەي چاققاننىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئولتۇرغان جامائەتكە پەس ئاۋازدا:

— جەننەتكە كىرىمىز دەيدىغانلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! — دەپتۇ.

ئۇخلاپ قالغان سەلەي چاققاندىن باشقىلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشۇپتۇ. خەلپەت يەنە پەس ئاۋازدا:

— ئولتۇرۇڭلار! — دەپتۇ. ئاندىن يۇقىرى ئاۋازدا:

— دوزاخقا كىرىمىز دەيدىغانلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! — دەپتۇ.

تۇيۇقسىز چۆچۈپ ئويغانغان سەلەي چاققان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ ـ دە، خەلپەتكە قاراپ:

— كەچۈرگەيلا خەلپىتىم. مەن نېمىگە ئىپادە بىلدۈرۈۋاتقىنىمنى بىلمىدىم. بىراق، سىلى بىلەن كۆزقارىشىم ئوخشاش ئىكەن، — دەپتۇ.





# مەن ئىشقا ماڭاي دەۋاتىمەن

سەلەي چاققان بىر كۈنى باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ ھېرىپ ـ چارچىغان ھالدا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئايالىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تىڭشىرىماي، كىيىملىرىنى سالماي ـ دە، ئاۋايلاپ مېڭىپ، كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

ــ دادىسى، نېمانچە كەچ قايتىپ كەلدىلە؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئايالى ئويغىنىپ.

ــ ئانىسى، نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىلە؟ ــ دەپتۇ سەلەي چاققان كەيپى ئۇچقان ھالدا كىيىملىرىنى قايتىدىن كىيىپ، ــ «خۇدانىڭ كۈنى تۈگىمەس، باينىڭ ئىشى» دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ مانا ھازىر ئىشقا ماڭاي دەۋاتىمەن.





# يەنە توك كېتىپ قالدى

سەلەي چاققان بىر يىلى موزدوزلۇق دۇكىنىغا غوجايىن بوپتۇ. بىركۈنى كەچتە بىر ئايال دۇكانغا كىرىپ ئاياغ كۆرگەن بولسىمۇ، مۇۋاپىق كەلمەپتۇ. سەلەي چاققان زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلچىمەكچى بوپتۇ. بۇ ئايالنىڭ كۆزى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىكەن. سەلەي چاققاننىڭ قىزىقچىلىقىنى ئاڭلىغان ئايال، تىزىم ئېچىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، پۇتىنى كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى بىلەن يېپىۋاپتۇ.

— سىڭلىم، نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟ — سوراپتۇ سەلەي چاققان.

— ئىزا تارتىۋاتىمەن.

— هەي، نەس باستى، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىرەر ئاياغ سېتىلغان بولسىچۇ كاشكى، يەنە توك كېتىپ قالدى.





# سوقۇر ئۇچىيىم بولىسىز

سەلەي چاققان بىر يىلى خوتۇنىنى ئېلىپ شەھەرگە «غېرىب - سەنەم» تىياترىنى كۆرگىلى كىرىپتۇ. تىياتىردا غېرىب:

«سەنەم، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈۋاتقىلى ئۇزۇن بولدى. مەن سىزنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم، تېنىمنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايمەن» دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان خوتۇنى تەسىرلىنىپ:

— دادىسى، ئاڭلىدىڭىزمۇ، بۇ گەپنى؟ سىلى قاچان مېنى ئۆز تەنلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇيدىغان بولارسىلە؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاققان تىياترنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆرۈۋاتقاچقا، خوتۇنىنىڭ گېپىنى بىلەن كارى بولماپتۇ. خوتۇنى يەنە:

— ھوي، دادىسى، مەن سىلىدىن سوراۋاتىمەن. مەن زادى سىلىنىڭ تەنلىرىنىڭ قايسى قىسمى بولىمەن؟ — دەپتۇ.

سەلەي چاققان بىزار بولغان ھالدا:

— سوقۇر ئۇچىيىم بولىسىلە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.





# بىر ئاش پىشىم

سەلەي چاققاننىڭ بالا ۋاقتلىرى ئىكەن. بىركۈنى سەلەي چاققان چىچىنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن، بىر ساتىراشخانىغا كىرىپتۇ. ساتىراش ئۇستام قولىدىن ئىش چىقمايدىغان مىس ـ مىس ئادەم ئىكەن.

— ئۇستام، چېچىمنى ياساتماقچى ئىدىم، قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ماڭا نۆۋەت كېلەر؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان ئىشىكتىن كىرىپلا.

ساتىراش ئۇستام دۇكان ئىچىدىكى خېرىدارلارغا بىر قۇر قارىۋېتىپ:

— بىر ئاش پىشىم ساقلىسىلا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سەلەي چاققان بۇنى ئاڭلاپ ساقلىماقچى بوپتۇ. بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە سوراپتۇ.

— چېچىمنى ياساتماقچى ئىدىم. ماڭا قاچان نۆۋەت كېلەر؟

ساتىراش ئۇستام دۇكان ئىچىدىكى خېرىدارلارغا يەنە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— يەنە بىر ئاش پىشىم ساقلىسىلا! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سەلەي چاققان گەپ قىلماي ساقلاپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— ئۇستام، يەنە قانچىلىك ساقلارمەن؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان ئالدىراپ.

— بىر ئاش پىشىم ساقلىسىلا! — دەپتۇ ساتىراش قىلچە ھېيىقماي.

— بىزنىڭ ئۆيدە تاماق خېلى تېز پىشىدىغان، قارىغاندا، قوشناچىمىنىڭ ئوتۇنى ھۆل ئوخشىمامدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئورنىدىن تۇرۇپ.

ساتىراش ئۇستام نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ.



# ئۆي ئىزدەش

بىركۈنى سەلەي چاققان شەھەردىكى ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە مەي ئىچىپ، تۈن يېرىمىدا قايتىپتۇ. ئۇ يولدىكى دورغىنى كۆرۈپ:

— ھوي، دورغا ئەپەندى، مۇشۇ كوچىنى بويلاپ ئۇدۇل ماڭسام ئۆز ئۆيۈمنى تاپالامدىمەن - قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. دورغا:

— سەلەي ئاكا، سىلىنىڭ ئۆيلىرى قايسى تەرەپتە ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان:

— ئەگەر مەن ئۆيۈمنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلگەن بولسام، ئاۋارە بولۇپ سىلىدىن سورىمىغان بولاتتىم، — دەپتۇ.





# ئۈزۈمنىڭ كىرىنى ئۈزۈم يۇيغان ۋاقىتتا

سەلەي چاققان بىر يىلى قومۇل تەرەپلەرگە بېرىپ بىرەر يىل تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئايالى سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، قومۇلغا بېرىۋېلىپلا بىرەر يىل تۇرۇپ قالدىلا. مېنى سېغىندىلىمۇ، قانداق؟

— ناھايىتى سېغىندىم، خوتۇن.

— قانداق ۋاقىتتا ئەڭ سېغىندىڭلا؟

— ئۈزۈمنىڭ كىرىنى ئۈزۈم يۇيغان ۋاقىتتا.

— ۋاي ئەسكى.





## دادامدىن يۇقتى دىمەمدىمەن

بىركۈنى سەلەي چاققان ئوغلى بىلەن تەڭ ئۇخلاپ قېلىپ دادىسى ئىشقا، ئوغلى مەكتەپكە بارالماپتۇ. ئەچى تىت ـ تىت بولغان سەلەي چاققان ئوغلىدىن:

ــ بالام، ھەر ئىككىمىز ئورنىمىزدىن تۇرالماپتۇق. مېنىڭغۇ ئىدارىدىكىلەر ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن، سېنىڭ سىنىپ مۇدىرىڭ كاجىراق. مەكتەپكە بارغاندا، نېمىمۇ دەرسەن؟

ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ چاتاق يوق، دادا، ــ دەپتۇ ئوغلى، ــ دادامنىڭ كېسىلى يۇقۇپ قالدى دىمەمدىمەن!





# خوتۇنى كۆرۈپ قالغانىكەن

سەلەي چاققان دوختۇرخانىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر سېستراغا دەپتۇ:

— دىققەت قىلىڭ، 50 ـ نومۇرلۇق كارىۋاتتىكى بىماردا ئۆزگىرىش بولدى. ئۈمىد قالمىدى.

— نېمە؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بايىلا تېخى مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، خېلى جىق گەپ قىلغانغۇ؟

— بايا ئۇ سىزنىڭ قولىڭىزنى تۇتۇپ گەپ قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ خوتۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ئەمەسمۇ!




تنچ

# شۇڭا سۈرئىتى تېز

سەلەي چاققان مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر ياتاقدىشى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئاداش، فىزىكا دېگەن دەرس بىلەنمۇ خېلى تونۇشۇپ قالدۇق. ئېيتە، نېمە ئۈچۈن ئۇچقۇنىڭ سۈرئىتى شۇنچە تېز بولىدۇ؟

— ۋاي ئاداش شۇنىمۇ بىلمەمسەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇنىڭ كۆتىگە ئوت كەتكەندىكىن، جېنىنىڭ بارىچە قاچىدۇ - دە! شۇڭا سۈرئىتى تېز!





www.uyghurkitap.com

# چۈشمەيدۇ

سەلەي چاققان ئايالىغا بەتىنكە ئېلىش ئۈچۈن ماگىزىنغا كىرىپتۇ. مال كۆرۈۋاتقان خېرىدارلار ئىچىدىكى بىرسى دەپتۇ:

— يا ئاللا، ھەممە نەرسىنىڭ نەرخى ئېشىپ كېتىپتۇ. قانداق نەرسە ئۆرلىۋالغاندىن كېيىن چۈشمەيدىغاندۇ؟

— مال باھاسى، ئۇ ئۆرلىۋالسىلا چۈشمەيدۇ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.





# ئۆيگە بالدۇرراق بارىمىز

بىر يىلى سەلەي چاقچان ئانىسى بىلەن بىللە پويىزغا ئولتۇرۇپ يۇرتىغا قايتماقچى بوپتۇ. پويىز قوزغالغان ھامان سەلەي چاقچان ۋاگون ئىچىدە، ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە يۇگۇرۇشكە باشلاپتۇ.

— بالام، نېمانداق يۇگۇرۇۋېرىسەن؟ ئۆز ئورنىڭدا ئولتۇر! — دەپتۇ ئانىسى.

— ياق، — دەپتۇ سەلەي چاقچان جاۋاب بېرىپ، — پويىز مېڭىۋاتقاندا، مەنمۇ يۇگۇرسەم، ئۆيگە بالدۇرراق بارىمىز ئەمەسمۇ؟





# ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى

سەلەي چاققاننىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ ھەيران بولغان خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— ھازىرقى كىنولاردا نېمە ئۈچۈن دائىم قىز قاچسا، يىگىت قوغلايدىغان كۆرۈنۈشلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇنى رېژىسسور «ھايۋانات دۇنياسى»دىن ئۆگىنىۋالغان. ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى ئەسلى شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.





# يېرىمغىلا توغرا كېلەتتى

سەلەي چاققان مەھەللىدىكى بىر تويغا خوتۇنىنى ئېلىپ بىللە بېرىپتۇ. قايتىشىدا خوتۇنى ئاغرىنىپ:

— دادىسى، سىلى ھازىر ماڭا ئۆزگىرىپ قالغاندەك بىلىنىۋاتىلا. توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىز بىللە ماڭغاندا، ئېرىق - ئۆستەڭگە توغرا كېلىپ قالساق، مېنى يۆدەپ ئۆتكۈزۈپ قوياتتىلا. لېكىن ھازىر كارىلىرى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

— بۇنى ئۆزۈڭلىدىن كۆرۈڭلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇ چاغدا سىلىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىڭلا ھازىرقى ئېغىرلىقىڭلىنىڭ يېرىمىغىلا توغرا كېلەتتى ئەمەسمۇ؟





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەممىمىزنى يەر يەيدۇ

سەلەي چاققان بوغدايلىقنىڭ بېشىدا سايىداپ ئولتۇرسا، بىر جېدەلخور قوشنىسى قويلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئېتىزلىقىغا ھەيدەپ قويۇپتۇ.

سەلەي چاققان يېنىغا كەلگەن قوينىڭ تومشۇقىغا قولىقىنى يېقىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى:

— قوي بىلەن گەپلىشىۋاتامىلا؟ — دەپتۇ.

— ياق، ئەرز ـ ھالىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ئىگىمىز زالىم، بىزنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىمەن دەيدۇ. باقساڭ سەن باقىسەن، جىق بوغدىيىڭنى بىز يېدۇق، دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— سىلىدە يەيدىغان چىش نەدە؟

— يالاپ چوڭ قىلسام ئىت يەيدۇ.

— ئىتنى نېمە يەيدۇ؟

— پىت يەيدۇ.

— پىتنى نېمە يەيدۇ؟

— چىل يەيدۇ.

— چىلنى نېمە يەيدۇ؟

— لاچىن.

— لاچىننى كىم يەيدۇ؟

— مەن يەيمەن.

— سىلىنى كىم يەيدۇ؟

— ھەممىمىزنى قوشۇپ يەر يەيدۇ!

جېدەلخور قوشنىسى گەپتە تەڭ كېلەلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۇغۇلغاندىن بۇيان سىرتقا چىقىپ باقمىدى

سەلەي چاققان ئاشخانىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، بىرنەچچە خېرىدار ئاشخانىغا كىرىپتۇ ـ دە، ئولتۇرا ـ ئولتۇرماي:

— سەلەي چاققان، ناملىرىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە غىزالانغىلى كەلگەنىدۇق. بىراق، ئاشخانىدا چىۋىن بەك كۆپ ئىكەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان:

— ئېزىز مېھمانلىرىم، خاتىرجەم بولۇشسىلا، ئۇلار ناھايىتى پاكىز، — دەپتۇ مەنىلىك قىلىپ.

— چىۋىن پاكىز بولغان نەدە بار؟

بۇ يەردىكى چىۋىنلەر تۇغۇلغاندىن بۇيان، ئاشخانىمىزدىن سىرتقا چىقىپ باقمىدى. بەك گەپ ئاڭلايدۇ. ئىشەنمىسىلە، ئەنە ئاۋۇ غوجايىندىن سوراپ بېقىشسىلا، — دەپتۇ غوجايىننى كۆرسىتىپ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتتىن
www.uyghurkitap.com

# بالام ياخشى، چاقام يامان

سەلەي چاققان خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتسا، بىر دوستى سالاملىشىپ سوراپتۇ.

— ئۆيئىچىڭ قانداق، ئاداش؟

— ئۆيۈمنىڭ ئىچى ياخشى، تېشى يامان، تامنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، كېسەكلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

سەلەي چاققاننىڭ ئاغىنىسى، «سۆزۈمنى چۈشەنمىدى» دەپ ئويلاپ، ئوچۇقراق قىلىپ سوراپتۇ:

— بالا - چاقاڭ ياخشىمۇ؟

— بالام ياخشى، چاقام يامان، — دەپتۇ سەلەي چاققان قولىدىكى يارىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىر كېلىپ، لايچىلىقىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بەرمىسەڭ بولمىدى.





# بىر كۆزدە كۆرۈش

سەلەي چاققان بەزى كىشىلەرنىڭ بەزمە، مەشرەپ، ئولتۇرۇشلىرىدىن قالىدىكەن. كۆپىنچىسى، پالانچىنىڭكىگە بېرىپ، بىزنىڭكىگە كەلمىدىلە، سىلى بىزنى بىر كۆزدە كۆرمەيدىلا، دەپ رەنجىشىدىكەن.

بىركۈنى خېلى كۆپ ئاغىنىلىرى قاتناشقان شۇنداق بىر ئولتۇرۇشقا سەلەي چاققان بىر كۆزىنى ياغلىق بىلەن تېڭىپ بېرىپتۇ. ئاغىنىلىرى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تەڭلا سوراپتۇ:

— سەلەيجان، نېمىشقا بىر كۆزلىرىنى تېڭىۋالدىلا؟

— بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئاغىنىلەرنى بىر كۆزدە كۆرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# نېمىگە مىنەلەيدۇ، نېمىگە مىنەلمەيدۇ؟

سەلەي چاققان مەدرىسەدە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىر كۈنى مۇللام تالىپلاردىن سوراپتۇ:

— قېنى دەپ بېقىڭلار، پىل بىلەن چىۋىن ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەر بار؟

— پىلنىڭ بۇرنى بار، ئەمما چىۋىننىڭ بۇرنى يوق، — دەپتۇ ئۆسكىلەڭ بىر تالىپ.

— پىلنىڭ قانىتى يوق، قوتازغىراق ئوخشايدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر تالىپ.

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ياندا تۇرغان سەلەي چاققان:

— مۇللىكا، مەن ھىندىستانغا بارمىغان. پىلنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرقى شۇكى، چىۋىن پىلنىڭ ئۈستىگە مىنەلەيدۇ، لېكىن پىل چىۋىننىڭ ئۈستىگە مىنەلمەيدۇ، — دەپتۇ.





www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①乌… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任编辑：吐尔洪·吐尼牙孜　吾尔亚提·尼亚孜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任校对：吾尔亚提·尼亚孜
责任印制：刘伟煜

书　　名　漫画赛来·恰坎幽默与智慧(15)(维吾尔文)
撰　　文　乌其洪江·玉麦尔
插　　图　阿迪力·阿布力孜
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　新疆新华龙印务有限责任公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
总 印 张　30
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 6 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7808-6
总 定 价　100.00 元　(全十册)

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: گازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

国家民族文字出版专项资金资助项目



ISBN 978-7-5469-7808-6

9 787546 978086 >

总定价：100.00元（全10册）

10.00元

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
www.dudu-book365.com